# Сахавәтлик инсанлар

*Тоқмақ шәһри Қирғизстанниң шималидики қедимий вә чоң шәһәр болуп, 140 жиллиқ шәһәр статусқа егә. Бу шәһәрдә һәр хил милләтләрдин тәркип тапқан 110 миң адәм яшайду. Жүмлидин уйғур миллитидин миң адәм истиқамәт қилмақта. 2002-жили қурулған «Иттипақ» жәмийитиниң Тоқмақтики шөбиси қаримиғида көплигән активистлар һәмдә «Иттипақ» гезитимизниң жанкүйәрлири актив паалийәт елип бармақта. Биз шуларниң бир қисмини диққитиңларға сунмақчимиз.*

## Мәсчит имами



Тоқмақтики «Шакирхан Төрә» намлиқ мәсчит шәһәр бойичә дәсләпки селинған мәсчиттур. Бу мәсчит 1944-жили Уйғурстанниң Ғулжа шәһридә қурулған Шәрқий Туркистан жумһурийитимизниң рәиси болған Әлихан Төрәмниң атиси Шакирхан Төрәмниң тәшәббуси билән 1865-жили селинған. Әлихан Төрәмму мошу мәсчит йенидики өйидә туғулған еди. Шундин бери мәсчит өз орнини йоқатмай қәддини көтүрүп Тоқмакқ шәһридә алдинқи мәсчитләрниң бири болуп қәд көтүрүп турмақта. Униңда һәр хил милләтләр мусульманлири қериндашлардәк инақ һалда Худа йолида ибадәт қилмақта. Бу мәсчит селинғандин буян қанчилигән өлүмалар,



қанчилигән илимлик қарилар имамлиқ қилип өтти десиңизчу. Һазир мана бу мәсчиттә шу өткәнләрниң изини бесип, уларниң атқурған сахавәтлик ишлирини давамлаштурған Имиржан–һажи Барат оғли Қасимов имамлиқ вәзиписини атқурмақта.

Имиржанниң ата-аниси 1954-жили Қәшқәрдин келип Тоқмақ шәһригә орунлашқан. Имиржан *1966-жили Тоқмақта туғулуп* Ә. Навайи намидики өзбәк мәктивидә оттура билимгә егә болуп, 1989-1993-жиллири Бухарадики «Мирәрәб» мәдрисисидә билим елип кәлгәндин буян та һазирғичә мәзкүр мәсчиттә имамлиқ қилмақта. У талай яшлириға дини билим берип, өзиниң еғир бесиқлиқи қираәт қилғандики саз авази һәмдә һәзрити Муһәммәт Әләйһиссаламниң нәсиһәт вәзилирини әрәбчидин дәл тәржимә қилип мөмүнләрниң дилиға йәткүзгәнлиги түпәйлидин униңға ихтида қилғучилар барғансери көпийип Тоқмақ жамаити алдида чоң һөрмәткә сазаввәр болуп кәлмәктә.

Үч қиз, бир оғулниң меһриван атиси, 2002-жили һажилиқни өтәп кәлгән Имиржан-һажим гезитимизниң чиң ихласмәнлиридин һесаплиниду. Униң билән болған сөһбәттә: «Иттипақ гезитимиз уйғур тилида әрәб йезиғида чиқиватқини мени қизиқтуриду. Униңда ана вәтинимиз билән қан-қериндашлиримниң һал әһвали һәққидә көп йезиливатиду. Мән бу гезитқа муштәри болушум билән униң оңушлуқ чиқип турушиға тиләкдашлиқ билдүримән вә келәрки жилдин тартип униң муштәрилирини көпәйтишкә мәсчит қәвмини һәрикәтләндүрүшкә тәйярмән. Илаһим ана тилимиздики бу гезит техиму гүлләнсун – Амин!» - дәп дуа қилғанда биз һаяжан илкидә қалдуқ.

Бу жил Тоқмақ жамайити тәрипидин өткүзүлгән Имиржан һажимниң 40 яшлиқ мәрикисини «Иттипақ» гезити тәһрирати намидин тәбрикләп, униңға саламәтлик, аилисигә хатирҗәмлик тиләймиз.

## Мәрипәт сөйгән чокан



Пәридәм Обулқасимова Тоқмақтики уйғурлар арисида алий мәлуматлиқ аяллиримизниң бири. Мәрипәтчи бу аял Тоқмақтики түрк лицейида рус тилидин дәрс бериду. У «Иттипақ»ниң Тоқмақ шөбисиниң яшлар кеңишиниң рәиси болуп ишләш жәриянида яшларни жәлип қилиш йолида көп хизмәтләрни атқурди. Йәрлик гезитларға мақалиларни язди. Шөбә тәрипидин өткүзилидиған сахавәтлик паалийәтлиригә паал қатнишип өзһәссисини қошуп кәлмәктә. Аз гәп қилидиған, көп ойлайдиған Пәридә миллитиниң тәғдирини ойлап, жирақни көзләп қилидиған сөзлири, униң әтрапидикиләргә ибрәт болалайду.

Мәсилә: ианә жиғип, сахавәтлик ишларни қилсақ, бу наһайити яхши. Лекин шуниң билән биллән уйғур мәдәнийитини көтүрүштә бирәр қетим мәдәний паалийәт өткәзсәк гүл үстигә гүл болатти. Шу чағда жан дилим билән уйғурумниң шәнини көтүрүштә хизмәт қилған болар едим – деди биз билән болған сөһбәттә. Әпсуски, шөбә қурулғандин буян бирәр қетимму уйғур мәдәнийитини көрситиштә паалийәтләр өткүзүлгини йоқ.

Пәридәмдәк өз миллитигә көйидиған аңлиқ аяллиримиздин пайдиланмай жүргинимизгә ечинимән. «Иттипақ» гезитимизниң ишқивази П. Обулқасимованиң өз хәлқи мәнпиәти үчүн ейтидиған адил пикирлири, бүйүк арзу-арманлириниң келәчәктә әмәлгә ашидиғанлиғиға чоқум ишинимән. Пәридәниң тениға саламәтлик, ишиға мувәппиқийәт, турмушиға хатирҗәмлик тиләймиз.

## Мәшрәп әһли



Әгәр Төрәм Нурмәһәммәтжанов һәққидә сөз ачидиған болсақ, у Тоқмақ уйғур жамаити арисидики абройлуқ кишилардин болупла қалмай он төрт кишидин түзүлгән мәшрипимизниң жигит-беши. Бу мәшрәпниң әзалири худди ака-укидәк инақ яшап, той-төкүн, нәзир-чирақларда бирбиримизгә яр-йөләк болуп келиватимиз. Төрәм мәшрәпниң қаидилик өтүшигә һәрикәт қилип өзиниң тәшкилатчанлиғи вә силиқ сөзликидин көпни қаил қилалайдиған адәм. У өз миллитини сөйүду. Болупму уйғур саз нахшилирини аңлашқа хуштар. У маңа: «Биз Тоқмакта чоң болуп, өзбәкчә оқуп, қериндаш өзбәк хәлқигә арилишип чоң болғанлиғимиздин өз миллитимизниң меһридин толуқ бәһир алалмиған едуқ. Әнди сениң дутар челип ейтқан нахшилириңдин қериндашлириниң муңзарини аңлап, миллий ғорурум ойғанди. Болупму «Тәңлирим япрақ, титрәп тохтиди» дегән нахша растинла тәңләрни титритип уйғурниң каж тәлийини көз алдимға әкилидиған болди. Шу нахшаңни йәнә бир ейтқина адаш, дәп соринатти». У мәшрәп көргән, әдәп әхлақлиқ, рәсим-қаидилик болуп, миллий өрпи-адәтни миллий сәнъитини сөйидиғанлиғи раст. Мана йеқинда Төрәм атилиқ вәзиписини өтүп чоң оғлини өйлиди. Униң тойиға Тоқмақ жамаити Дәкәмтә қатнишип, пүтүнләй миллий адәтләр бойичә дағдуғулуқ өтти. «Өзәң яхши болсаң, яхши адәмләр йениңда» дегәндәк Төрәмниң Тоқмақ жамаити арисидики аброй изитиниң қанчилик екәнлигини байқидуқ.

Төрәм Нурмуһәммәтжанов 1954-жили Қәшқәрдә туғулуп, 1959-жили ата-аниси билән Тоқмаққа келип орунлашқан. Өзбәк мәктивини тамамлап, механизаторлар училищесини пүттүргәндин кейин 1976-жили Тоқмақ қатнаш базисиға ишқа орунлашқан. Шундин бери бир жайдила ишләп кәлмәктә. Икки оғул, икки қизниң меһриван атиси, гезитимиз жанкүйәри болған Төрәмниң тенигә саламәтлик, аилисигә хатирҗәмлик хизмитидә ақ йоллуқ болушиға тиләкдашмиз.

## Уйғур ашханиси



Йолиңиз чүшүп Тоқмаққа келип қалсиңиз мәркизи қатнаш бекитиниң даирисидә бир нәччә ашханә - кафедар бар. Шуларниң қатаридики «Фәррух» намлиқ ашханә бизни бирдин өзигә җәлип қилди. Униңда һәр хил уйғур таамлирини ләззәтлик тәйярлайдиғинини билип, шу таамдин бир истимал қилған киши қайта кирип, мақтап жүргәнлирини көп қилишләрдин аңлиғинимиз үчүн мошу ашханиға киргән едуқ. Бизни жирақтинла көргән көптин бизгә тонуш оттура бойлуқ яш аял алдимизға чиқип, хуш чирай күтивалди.

- Келиңлар акилар, қайси шамаллар учуруп кәлди – дәп бүгүлүктики жозиға тәклип қилди.

- Тамақлириңларниң ләззәтлик шамили вә хәлқниң мақтиши билән кәлдуқ. – дәп олтардуқ.

- Бәлки шундақту, «Биз хәқниң тамақлири пуриғи иллиқ һәм түри көп. Қизим, қиз бала дегән тамақ етишкә кәлгәндә чаққан һәм уста болиши керәк» дәйтти анам. Әшу анамдин көңүл қоюп үгүнивалған тамақлирим әнди турмушумға әскитип херидарлирим рази болуп чиқиватиду. Һәтта, тамақлиримиздин башқа, әгәр халиғучилар, жирақтин кәлгән йолувчилар сорап қалса, қаймақлиқ әткәнчейимизму тәйяр. – дәп сөзләп бәрди у бизниң соаллиримизға жавап ретидә.

Бу даим чирайида күлкә садаси әкс етип туридиған бизниң сөһбәтдишимиз мошу ашханиниң егиси Аминәм Қасимова еди. Униң ата-аниси тәғдирниң гәрдиши билән өз ана юрти Ғулжидин айрилип 1961-жили Қазақстанниң Алмута шәһригә көчүп кәлгән. 1963-жили Алмутида туғулған Аминәм ата-анилири билән Қирғизстанниң Иссық-Ата райониға қарашлиқ Кәң-Булуң йезисиға көчүп кәлгәндин кейин балилиқ чағлири шу йәрдә өтүп, оттура мәктәпни пүттүргәндин кейин 1984-жили Тоқмақлиқ Әркинжан Қасимовқа турмушқ чиқип бәхтлик яшап кәлмәктә. Улар икки пәрзәнтниң ата-аниси болди. Оғли Фәррух Тоқмақта алий билим юртида оқуватиду. Қизи Гүлбаһар орта мәктәпни пүттәрди.

БизҚирғизстанда яшап яман күн көрмидуқ. Иш – оқитим яхши. Ашханамдики ашпәзләдин Һажиайим, Соня вә Дилбәрләрдин миннәтдармән. Шәһримихдики уйғур «Иттипақ» шөбиси мәдәнийәт күнлирини өткизип қалса уйғур таамлириниң көргәзмисини уюштурушқа тәйярмән – дегән Аминәмниң сөзлири униң таамлиридинму йеқимлиқ аңланған еди бизгә. «Иттипақ» гезитимизниң ихласмәнлиридин болған Аминам Қасимоваға яхши саламәтлик аилисигә бәхт тиләп, херидарлириниң йәниму алқишлириға еришишигә тиләкдашлиқ билдүримиз.

## Сахавәтлик инсан



«Базарда миң киши, көңүлдә бир киши» дегинидәк Тоқмақ шәһриниң мәркизи базаридики дуканлар қатарида «Соғдиана» намлиқ дукан көзгә алаһидә чүшиду. Мән бу дуканға һәр айда гезитимизни әкилип тапшуримән. Дукан егиси Қәһриман абдуқадир оғли Турдиев мени көрүш биләнла хуш қарши алидудә, келиң хизмәттә болай, немә керәк? дәп меһман достлуқ билән немишкиду содиниң сөзини қилмай, гезитимиз қандақ чиқиватиду? Силәрдә қандақ проблемилар бар? тартинмай ейтиң. – дегән сөзләрни қилидудә қиливатқан зөрүр ишини тохтитип қоюп пүтүн диққити билән бизгә бурулуп қарайду. «Буғдай нениң болмиса, буғдай сөзүн йоқмиди» - дегини мошумекин. Бирақ у һәм буғдай нанлиқ, һәм буғдай сөзлик кишидур. У Тоқмақтики гезитимиз жанкүйәрлиридин болуп, «Иттипақ» шөбисиниң активлиридин бири. У өз миллитини сойидиған миллий мәдәнийәтни көтүрүшкә күч чиқиридиған аңлиқ уйғур жигитлириниң бири болуп Тоқмақта «Иттипақ» шөбиси тәрипидин һәр жили нәччә қетим елип бериливатқан сахавәтлик ишларда – ажиз, кәмбәғәл, накалар билән нарисидиләргә ярдәм қолини созуп бериватқанлардин бири. У шундақла өз ишиғиму пухта өзиниң силиқ сөз еғир бесиқлиғи түпәйли униң херидарлири миннәтдар болуп, содиси яхши болмақта.

Қәһриман Турдиев 1960-жили Тоқмақта туғулған. Оттура мәктапни яхши баһада тамамлап сода техникумини 1982-жили оқуп пүттүргәндин кейин һазирғичә сода ишлири билән шуғулланмақта. У үч пәрзәнтлик инақ аилиниң егисидур. Биз униңға саламәтлик, аилисигә хатирҗәмлик, сахавәтлик ишлирида мувәппиқийәтләр тиләп, миннәтдарлиғимизни билдүрмәкчимиз.

**Абдусалам Ғаппар**

# Месторождение драгоценного металла

В последнее время разгорелись страсти вокруг Джеруйского месторождения золота. Группа жителей Таласской области, где находится этот объект, организовала митинг с требованием возобновить остановленное строительство Джеруйского золоторудного комбината. Вопрос был подхвачен и средствами массовой информации, и Жогорку Кенешем, и другими заинтересованными в этом сторонами. Редакция газеты «Иттипак» также решила вникнуть в суть проблемы и обратилась к одному из компетентных специалистов Таласской области в сфере геологии, одному из первооткрывателей месторождения Джеруй, главному геологу бывшей Джеруйской геологоразведочной партии, осуществившему все стадии исследования Джеруя, горному инженеру-геологу Сатыбалдиеву Лекиму Иляковичу поделится информацией о полезных ископаемых на «родине Манаса», а также о месторождении золота Джеруй. Ниже приводятся полученные от Лекима Иляковича сведения.

«Таласскую долину обрамляют горы с металлическими и неметаллическими полезными ископаемыми, и поэтому по геологической терминологии долина называется Таласский рудный регион. Следы рудодобывающей деятельности человека отмечаются в нем с древних времен. Например, в период, когда бассейн р.Талас был резиденцией илекханов, одного из улусов Уйгурско-Караханидского государства, в регионе добывались железо, медь, свинец, серебро, золото, олово, молибден и другие полезные ископаемые. Тогда, т.е. в 9-12 вв, в Таласе, в полосе протяженностью около 200 км., работал рудник Шельджи по интенсивной добыче серебра. Он конкурировал со знаменитым серебряным рудником Кара-Мазар в Ферганской долине. В одноименном с рудником городе, располагавшемся на месте нынешнего Кировского водохранилища, чеканили деньги. Изделия из Таласского серебра находили даже в Европе. К сожалению, серебряные рудные залежи, удовлетворявшие запросы древних рудокопов, не отвечают требованиям современной горнодобывающей промышленности, т.к. богатым металлом являются маломощные жилы и гнезда, а на массу рудных тел содержание серебра низкое. Для возрождения добычи серебра необходимо искать и выявить крупные рудные залежи с богатым содержанием этого металла или разработать технологию извлечения серебра из бедных руд с попутным выделением из них других ценных компонентов – свинца, золота и др. В некоторых случаях эти попутные компоненты могут превалировать над серебром. Например, во время Отечественной войны и после нее, одно из таких месторождений разрабатывалось Курганским рудником как полиметаллическое месторождение.

В Западной части Киргизского хребта выявлены залежи богатых руд серебряного колчедана и разведаны крупные запасы, которые утверждены Государственной Комиссией Запасов (ГКЗ) СССР. На их базе был спроектирован завод по производству серной кислоты, предназначенный для переработки Каратауских фосфоритов Казахстана на удобрение. Работы эти не были доведены до конца.

Древние Таласские металлурги плавили железо из руд небольших месторождений этого металла. Сейчас выявлены их залежи значительных размеров, местами содержащий титан, ванадий, олово. Обнаружены также обширные магнитные аномалии, которые вызваны, предпочтительно, железными рудами.

В послевоенные годы в Таласе обнаружено много рудопроявлений и крупное месторождение редких элементов. Однако они не осваиваются промышленностью из-за недоработанности технологии их переработки.

В Западной части Киргизского хребта, на территории Кыргызстана казахстанскими геологами разведано месторождение базальта для каменного литья. Дальнейшая его судьба не известна.

В регионе неисчерпаемы запасы глины, известняков для производства извести, кирпича и черепицы, а также запасы песка, гравия и щебня. Население пользовалось ими всегда, они добываются и в настоящее время.

В горах области имеются предпосылки для нахождения драгоценных и полудрагоценных камней – алмаза, изумруда, аквамарина и др.

«Родина Манаса» богата строительно-облицовочными и поделочными цветными камнями. Многие из них освещены в книге известного уйгурского геолога, писателя, декана уйгурского факультета Кыргызского Национального Университета Ибрагимова И.М. «Цветные камни Киргизии». Ряд месторождений таких камней успешно разрабатывается в настоящее время.

Из металлов, наряду с серебром, большой интерес населения Таласа вызвало золото – благородный, драгоценный металл украшений, изделий роскоши и валюты.

Отвалы – хвосты, перемытых старателями для извлечения из них золота, рыхлых отложений встречаются в долинах не менее чем трех притоков р.Талас, а также по берегу р.Узун-Ахмат в Токтогульской долине. В Узун-Ахмате старатели находили самородок золота, весом около 30 г. Коренное месторождение золота, откуда оно сносилось потоками в россыпь, найдено только в верховье р.Чонор.

Из известных до Джеруя месторождений золота наиболее крупными являются золото-медные месторождения верховья Таласской долины и указанные выше месторождения Чонор. Мелкие коренные рудопроявления золота встречаются в регионе часто, в целом указывая на высокие перспективы золотоносности Таласской долины.

Месторождение золота Джеруй было найдено в 1968 г., но тогда оно не вызвало большого интереса геологов к себе, так как выявленную на поверхности земли его часть представляли слабые признаки золотого орудинения в скальных породах. Лишь через пять лет после тщательного анализа архивного материала была проведена ревизия рудопроявления на местности с целью переоценки его перспектив. Первый осмотр рудопроявления состоялся осенью 1973 г. Лабораторные изучения собранных образцов и проб показали, что объект заслуживает более углубленных исследований. В полевом сезоне 1974 г. орудинение было вскрыто редкой сетью канав до глубины трех метров. С помощью большого количества образцов и проб была оконтурена рудная залежь (рудное тело), имеющая промышленное значение.

Со второй половины 1975 г. стационарная геологоразведочная партия начала «Предварительную разведку» Джеруя. Первые же две штольни, пройденные последовательно на глубинах 80 и 160 м. от поверхности, вскрыли рудное тело большой мощности. В лабораториях была решена предварительная технология извлечения золота из руд на подготовку месторождения Джеруй для промышленного освоения. Полученные данные убедили правительство СССР выделить крупные денежные средства путем его детальной разведки. Первая очередь детальной разведки - разведка верхних горизонтов, была проведена быстро и эффективно и завершена в 1979 г. Вторая очередь - разведка нижних горизонтов месторождения, - закончена в 1983 г. Рудное тело было прослежено на глубину более чем на 700 м. штольнями и скважинами. Проведено достаточное количество лабораторных и полузаводских испытаний руд, которые показали хорошее извлечение золота из них при высокой его пробности.

По каждой стадии разведки составлялись многотомные геологические отчеты с приложением фактических полевых материалов, и они утверждались ГКЗ СССР с хорошими оценками, а отчет по первой очереди детальной разведки принят ею на «отлично». О высокой эффективности геологоразведочных работ на Джеруе свидетельствует тот факт, что стоимость разведки одного грамма золота составила около сорока копеек в советской валюте.

Джеруй, вместе с известным золоторудным месторождением Макмал, сыграл большую роль в признании Кыргызстана одной из золоторудных провинций в бывшем Союзе и в регулярном выделении им денежных средств для поисков новых месторождений золота в республике, что, в конечном счете, привело к большим успехам в этой отрасли.

Основными факторами, определяющими актуальность разработки месторождения Джеруй, являются: стабильно высокая, а в настоящее время очень высокая цена золота на мировом рынке; крупные запасы (второе место после Кумтора) и высокая степень их разведанности; легкая доступность объекта; возможность отрабатывать рудную залежь в значительной своей части дешевым карьерным способом; возможность использования отработанной на мировой практике технологии извлечения золота из руд; хорошая обеспеченность района электроэнергией; большой избыток рабочей силы в сугубо аграрной Таласской области; наличие в регионе предпосылок вовлечения в промышленное освоение и других рудопроявлений золота и прочих металлов. Эти факторы и явились причиной стремления Государства вовлечь в экономику страны Джеруй и конкуренции инвесторов между собой на получение лицензии на его разработку.

Еще в 1980 г., в связи с успешным завершением детальной разведки (первой очереди), не дожидаясь его второй очереди, ГКЗ СССР, в состав которой вошел и Леким Илякович, передала месторождение Джеруй по акту союзному предприятию по добыче драгоценных металлов. Не откладывая в долгий ящик, союзным институтом по проектированию горнодобывающих объектов был спроектирован Джеруйский золоторудный комбинат, и его строительство было начато в местечке Кулманбес. В связи с известными революционными событиями 80-90гг. прошлого века работы по строительству комбината были остановлены, а построенные сооружения разорены.

Джеруй, как готовый к промышленному освоению и экономически перспективный объект, не мог не заинтересовать как новое наше суверенное государство, так и иностранных инвесторов вновь. Насколько нам известно, за последние годы сменилось не менее трех инвесторов. Последний, за которого заступились таласские рабочие, построил не мало объектов. Все дело, как нам видится проблема, в том, что каждая сторона, заказчик и инвестор, защищает свои экономические интересы.

К сожалению, подбрасываются слуху, основанные на недостоверных данных, будто бы руды Джеруя содержат вредные для окружающей среды компоненты, что они имеют высокую радиоактивность и даже, будто бы у села Арал появилась громадная змея, которая будет защищать золото таласских гор. По этому поводу надо отметить, что в рудах Джеруя вредные примеси практически отсутствуют, радиоактивность не превышает его обычного фона для гор. Что касается змеи, то это чья-то фантастическая шутка. Реальным является то, что во всем мире извлечение золота из руд производится с помощью реагента, который может оказать вредное воздействие на природную среду, если не применять совершенные технологии, устраняющих такую возможность. Думается, что в проекте Джеруйского золоторудного комбината все это предусмотрено. Нужно также отметить, что многие полезные ископаемые имеют закономерность располагаться в горах – на площадях где начинаются водные источники и они почти все, даже уголь и цемент, содержат в себе или в своей технологии переработки какие-либо свойства, способные отрицательно повлиять на природную среду. Если не разрабатывать такие месторождения, применяя передовую технологию, исключающую вредное влияние производства на окружающую среду, то, как можно поднять экономику и обеспечить население работой в таком малоземельном для сельского хозяйства регионе как Таласская область, где численность населения постоянно увеличивается.

Джеруй – единственный шанс Таласской области начинать и развивать на своей территории современную горнодобывающую промышленность. Он может повлечь за собой в производство и другие рудопроявления и месторождения ценных полезных ископаемых региона.

Ш. Абдурахимов

# ШУАРда турпаншунаслик

Турпаншунаслиқ илми уйғуршунаслиқ пәнининң салмақлиқ тармиғи болуп һесаплиниду. Униң тарихи тоғрилиқ сөз чәт әллик сәяһәтчиләрниң, алимларниң Турпан тәвәсигә келип, бу йәрдики қедимий ядикарлиқларни ечип, жиғип, уларниң үлгилирини өз жутлириға елип кетип, тәтқиқ қилиш дәврилиридин башлиниду. Йәни мәзкүр илмий йөнилишниң тарихи беваситә харижий әлләр алимлири вә тәтқиқатчилириниң илмий паалийәтлири нәтижилиригә бағлаштурулиду.

Бу һәктә елип берилған тәкшүрүшләрдә асасән Россия тәтқиқатчи, алимлириниң әмгәклири һәққидики мақалиларда умумий гәпләр ейтилған. Мәзкүр мақалиларда тәтқиқат йетәрлик әмәс.

Турпан мәдәний ядикарлиқлириниң тәтқиқат орунлири үч груһға бөлүнгән: 1. Хәлқарадики турпаншунаслиқ тәтқиқати. 2. Хитай ичидики турпаншунаслиқ тәтқиқати. 3. ШУАРдики тәтқиқат хизмити. Чүнки бу өлкидә «Турпаншунаслиқ илмий тәтқиқат җәмийити» 1988-жили қурулуп, нурғунлиған чарә-тәдбирләрни әмәлгә ашурмақта.

ХХЖда ХХ-әсирниң биринчи йеримида атақлиқ тарихчи, археолог Хуан Венбиниң илмий әмгәклирини алаһидә атап өтүш лазим. Чүнки униң тәтқиқат нәтижилири хәлқарада қизиқиш һасил қилди.

Бу өлкиниң кедимийитини, тарихини, мәдәнийитини тәтқиқ қилиш зөрүрийити пәйда болғанда, 1956-жили Үрүмчидә дәсләп Археология курси ечилған. Профессор Абдукейим Хоҗа өзиниң «*Ғәрбий юрт вә кедимки мәдәнийәт*» намлиқ китавида Бежиңдин кәлгән алимлар археология пәни бойичә дәрис бәргәнлигини хатириләп, практикилиқ дәрсләр, йәни «дала тәкшүрүш, қезип тәкшүрүш, хәритә сизиш-өлчәш мәшғулатлири» Турпан тәвәсидә өткүзүлгәнлигини әсләйду.

Мәхсус җәмийәтниң қурулуши Турпан мәдәнийитини илмий тәкшүрүшниң паалийәтлирини чоңқурлаштуруп, кәңәйтип, системилиқ тәтқиқ қилишни техиму күчәйтти. Әйнә шуниң нәтижисидә 1990-жили 5-айда тунҗа қетимлиқ илмий муһакимә жиғини мувәппәкийәтлик өткүзүлди. Униңға 90гә йеқин алимлар, мутәхәссисләр қатнишип, 40тин ошуқ илмий мақалә тапшурулған. Мәзкүр баш қошушта ШУАРдики турпаншунаслиқ тәтқиқатлирини хәлқара дәрижигә көтириш мәсилилири қизғин муһакимә қилинип, интайин мәзмунлуқ вә асаслиқ пикир-тәклипләр оттуриға қоюлған еди.

Тоқсининчи жилларниң биринчи йеримидики җиддий паалийәтләр нәтижисидә 1996-жили илмий тәтқиқат мақалилири билән бир қатарда тәшкилий ишлар мәсилилириму қаралған. Турпаншунас алим Аблем Қеййум өзиниң «Турпаншунаслиқ илмий җәмийити һәққидә» намлиқ мақалисида бу тоғрилиқ төвәндикичә язған: «Сайлам нәтижисидә Аблем Қеййум баш катипликқа тәйинләнгән. ШУАР қедимки әсәрләр ишханисидин Әркин Иминнияз, ШУАР иҗтимаий пәнләр академиясидин Һебибулла Хоҗа Ләмҗиний муавин баш катипликқа сайланди».

Бу конференцияниң материаллирини Турпан вилайәтлик асарә этикиләрни башқуруш идариси «Йипәк йоли вә мәдәнийәт җәһәттә ечиветиш» намлиқ китап шәклидә уйғур вә хитай тиллирида 1999-жили нәшир әтти. Униңдики уйғурчә мақалилар мону тәртиптә берилгән: Аблем Қеййум «Турпанниң мәдәнийәт ядикарлиқлири вә турпаншунаслиқ тоғрисида», Шерипидин Өмәр «Ғәрбий юрт, Турпан ханлиғи» вә қоруқчибәг мәһкимиси тоғрисида қисқичә мулаһизиләр», А. Қеййум, Лю Хуңлян «Пичан Су беши қәдимки қәбристанлиғини қезиштин доклад», Вәли «Уйғурлар йипәк йоли вә мәдәнийәт һәққидә ечиветиш», Сәдулла Таһирий «Буғанйоли дөлити» вә бүгүнки Тоқсун», Һебибулла Хоҗа Ләмҗиний «Археологиялик материаллардин қәдимки Турпан районининң тоқумичилиқ ишлириға бир нәзәр», Бәһри Ели «Будда дининиң тарқилиши вә Турпанниң мәдәнийәт тәрәққиятидики тәсири», Һәбибулла Хоҗа Ләмҗиний «Турпан районидин тепилған археологиялик материаллар вә уларниң сани тоғрисида қисқичә баян», А. Қеййум «Қочу – Бәшбалиқ йоли – Тат йоли», Әркин Иминнияз Қутлуқ «Турпанниң тарихтики намлири» вә «Қочу тоғрисида йеңи мулаһизә», Әйса Насир «Уйғур тибабәтчилигиниң надир яднамиси», «Турпан тиббий текстлири», Рәвәйдулла Һәмдулла «Диван тили вә Турпан тили», Әркин Иминнияз Қутлуқ қәдимки уйғур язма ядикарлиғи – «Алтун ярук вә униң қутулдурулуши», Абдугул Аблимит «Турпан ойманлиғида яшиған қәдимки милләтләр» охшаш хилму-хил мәзмундики қизиқарлиқ илмий мақалилар мәзкүр топламда орун алған.

1997-1998-жиллири «Турпаншунаслиқ илмий җәмийити»ниң жиллиқ илмий-һесават мәҗлислиридә икки проблема алаһидә диққәткә сазавәр болди. Биринчиси, әлвәттә, бу җиддий илмий йөнилишниң беваситә өзиниң мәхсус нәшир әпкари һавадәк керәк еди. Бу ишниң рояпқа чиқишиға ШУАР нәшрият идариси ярдәм илкини созди. Иккинчи мәсилә болса өлкидики турпаншунаслиқ тәтқиқатлирини аҗун илим-пән тәрәққиятиға йүзләндүрүш һаҗәт еди. Буниң үчүн бирдин бир йол турпаншунаслиқ пәни бойичә хәлқара илмий-әмәлий конференциясини қедимий вә бүйүк цивилизация бөшүги болған макан – Турпанда өткүзүш һаҗәт еди. Мәзкүр муәммалар ХХ әсирниң ахирқи жили вә XXI әсирниң дәсләпки жилида әмәлгә ашти, йәни «Турпаншунаслиқ тәтқиқати» нами билән журнал жилиға икки сан чиқидиған болди. Униң биринчи сани 2000-жилниң 1-йеримида нәшир етилди. Журналниң чиқиши турпаншунаслиққа әмәс, бәлки пүткүл шәриқшунаслиқ илмий саһасидики чоң вақиә болди.

«Турпаншунаслиқ тәтқиқати» журналининң тунҗа сани тәһририятниң «Журналниң тәркилиши һәққидә» дегән тәбрик мураҗити билән ечилиду. Униң дәсләпки җүмлисидила «Шинҗаң турпаншунаслиқ илмий җәмийитиниң башқурушидики «Турпаншунаслиқ тәтқиқати» журнали һәр қайси саһаларниң көңүл бөлүши вә қоллиши арқисида ахири җамаәт билән йүз көрүшти» дәп мәмнунлуқ кәйпиятида хәвәрлигән. Җаһан миқиясида универсал характерға егә бу пәнниң «тәтқиқат мәзмуни интайин мол, биз дөләт ичи вә сиртидики илим әһиллириниң биз билән йеқиндин һәмкарлишип, қимммәтлик, сәмимий пикирлирини беришини, кәң җамаәтниң йеңидин ечилған бу илим бағчисини пәрвиш қилип, гүлләндүрүп, барғансери жилвиләндүрүшини чин қәлбимиздин үмүт қилимиз» дейилгән мрураҗиәттә.

Әйнә шундақ қизғин һиссият билән пүтүлгән мураҗиәтләрдин кейин илмий мақалилар елан қилинған. ШУАР музейниң алий тәтқиқатчиси Исрапил Йүсүп өзиниң «Турпандин тепилған қәдимки уйғур йезиғидики икки парчә һөҗҗәт» намлиқ мақалисида 1993-жили Ярғол қедимий шәһириниң кичик ибадәтханисида вә 1959-жили Сиңғим еғизи йенидики ибадәтханисидин қезивелинған уйғур язма ядикарлири һәққидә илмий мулаһизә жүргүзгән.

Журналниң баш муһәрири турпаншунас алим Аблем Қеййумниң мақалиси Сиңғим йезиси Муртук мәһәллиси тәвәлигигә җайлашқан Ғоҗамбулақ қедимий қорған харабисини вә мәзкүр йеза тәвәлигидики Бәшғар миңөйни қисқичә тонуштурушқа беғишланған. Идикут Улуғ уйғур ели дәвридә гүлләнгән мәзкүр қедимий қурулушлар, там сүрәтләр миң жилдин артуқ дәвирни өз ичигә алиду.

Шинҗаң университетниң доценти Юнусҗан Ели «Ляв сулалиси тарихи»дики бир парчә текст вә Қочу уйғур елиниң қарақитанларға бәйъәт қилишидики сәвәп, Ши Шаңҗуңниң «Шуаҗу аймиғиға маканлашқан уйғур пухралири һәққидә нәқ мәйданда елип берилған тәкшүрүш хатириси» мақалилири XII вә XVIII әсәрләрдики тарихий вақиәләр, мунасивәтләргә беғишланған.

Доцент Абдубәсәр Шүкүрийниң «Дуңхуаң – тарпаншунаслиқ тәтқиқатида етивар беришкә тегишлик бир қанчә мәсилә», Ғалиб Барат Әркниң «Уйғур идикут ели һәққидә», доцент Нияз Керимийниң «Турпан каризлири тоғрисида», доцент Чимәнгүл Нәҗмидинниң «Мани дининиң Қочу уйғурлири районида тарқилиши тоғрисида мулаһизә» мақалилириниң мәзмунлири журнал саһипилиридә әкс етилгән.

Мәдәний-маарип тәтқиқати бөлүмидә профессор Ғәйрәтҗан Османниң «Қочу уйғурлириниң маарип мәдәнийити һәққидә», вә мәктәп оқутқучиси Ширәли Йүсүпниң «Идикут уйғур ханлиғи дәвридики шеирларниң бәдиий алаһидилиги тоғрисида» намлиқ мақалилирида язма вә әдәбий ядикарлиқларниң айрим үлгилири таһлил қилинған.

Һәмит Ниязниң «Бәгләр вә бәғ мәһәллиси» мақалиси йәр нами һәм нәсәпнамигә беғишланған.

Журналниң ахирида Әхмәт Сәйдулла билән Әркин Иминнияз Қутлуқниң «Англияда сақлиниватқан вә тәтқиқ қилинған уйғур язма ядикарлиқлар һәққидә қисқичә баяни» орунлаштурулған.

1998-2000- жиллар мабайнида «Турпаншунаслиқ илмий җәмийити» рәһбәрий органлириниң әмәлий ишлири җиддий жүргүзүлгәнликтин илмий паалийәтлири кәң миқияста уюштурулуп, илмий тәтқиқатлириниң кәңийиши вә чоңқурлишип тәрәққий етиши нәтиҗисидә күн тәртивидә хәлиқ ара муһакимә жиғинини өткүзүш намаян болди. Мундақ жиғинни беваситә Турпанниң өзидә тәшкилләш һаҗәт еди. Мәзкүр хизмәтләр зор утуқлар билән әмәлгә ашти.

Мәҗлис 2001 – жили август ейиниң 15-дин 21-күнигә қәдәр қедимий шәһәр Турпанда өз ишини давам қилди. Бу әнҗүмәнни «Шинҗаң иҗтимаий пәнләр бирләшмиси, Турпан мәмурий мәһкимә, Шинҗаң Турпаншунаслиқ илмий җәмийити, Шинҗаң Турпан вилайәтлик музейи» катарлиқ төрт орун бирлишип уюштурди. Мәзкүр илмий паалийәткә Үрүмчи, Шаңхәй, Вухән, Гуанҗу шәһәрлири, Япония, Германия охшаш җай вә мәмликәтләрдин 80 алим, Мутәхәссисләр қатнишип, 50 тин ошуқ мақалә тапшурулған. Йәнә шу журналдики мәлуматларға қариғанда Турпандики қәдимки милләтләр, ирқлар бойичә дипломат вә алим Уйғур Сайраний «Турпан уйғурлириниң ирқ тәрәққияти», Мяв Пушең вә Чян Бочуәнниң «Қушлар вә қуш бәглиги тоғрисида муһакимә», «Қушларниң ирқ мәсилиси тоғрисида» охшаш мақалиларни оқуп, һәр хил пикир-мулаһизиләрни оттуриға қойған.

Турпанниң қәдимки мәдәнийити вә сәнъити бойичә ШУАР музейниң профессори Абдуқейим Хоҗа «Ләмҗин жилғисидики қияташ рәсимлири вә таш оймилар» намлиқ докладида қәдимий әҗдат вәкиллири «өзлириниң тарихини қияташларға түрлүк шәкилләрни оюш билән хатирә қалдурған» дегән хуласигә кәлгән. Хитай иҗтимаий пәнләр академиясиниң тәтқиқатчиси Реһан Қадир «Қочо уйғур ханлиғиниң мәдәнийәт өзгәртиши вә йезиқ иҗадийити» мақалисида кона уйғур әдәбияти тәрәққияти һәққидә тохталған.

Япония Завдовтян университетиниң профессори Гаңней Сәнчен «Турпандин қезивелинған нирванлар тоғрисида», Вухән университетиниң профессори Чин Гушән «Лявниң өлкисиниң архив башқуруш ишханисида сақлиниватқан Турпан һөҗҗәтлири» Таң сулалиси дәвридики алтә вәсиқини тәпсилий баянлиған. ШУАР музейниң профессори Исрапил Йүсүп «Үзүмниң Турпанниң иҗтимаий – ихтисадидики орни», Җуңшән университетиниң алими Лю Веншав «Турпан вәсиқилири ичидики пүтүкләр» дегән мақалилирини оқушқан.

Турпаншунаслиқниң мәзкүр хәлиқ ара әнҗүмәни уйғуршунаслиқниң бу йөнилишиниң тәрәққият басқучлириниң техиму өрлишигә зор амил болди. Алим вә мутәхәссисләр баш қошқан мәҗлисниң утуқлуқ нәтиҗилири Турпанни бу хәлиқ ара дәриҗисидики бу универсал пәнниң тәң һоқуқлуқ йәнә бир илмий мәркизигә көтәрди.

Бир жилдин кейин турпаншунаслиқ пәнининң мислисиз кәң даирдики илмий конференцияси Европа мәркәзлириниң бири болған Берлинда өткүзүлди. Чүнки Германия мәмликитидә 1908-жилдин тартип Ф. Мюллерниң «Уйғурика» («Uigurika»), 1929-1934-жиллири арилиғида В. Бангниң «Түркий Турпан текстлири» («Turkche Turfan Texte»), 1970-жилдин башлап «Берлин Турпан текстлири» («Berlin Turfan Texte») журнал-топламларниң жиллири арқа-арқидин елан қилинди. Дәсләпки икки нәширниң 4 вә 6 томлири мәтбәдин чиқип, қедимий уйғур ядикарлиқлириниң надир үлгилирини, бәзилириниң факсимилесини қошуп, җаһан пәни дуниясиға тонутти. Һазирқи күндә Берлиндики вә башқа дөләтләр мәдәний ғәзниләрдики миңлиған бебаһа уйғур қолъязмилири, асарә этиқиләр бойичә Япониядин Америкиғичә болған ариликтики мәмликәтләрниң көпчилигидә җиддий, кәң миқияста тәтқиқатлар жүргүзүлмәктә. Бу алийҗанап илмий тәкшүрүш, үгинишләрниң бүйүк нәтиҗилири пән әһиллирини даң қалдурмақта.

Берлиндики илмий конференциягә 16 дөләттин кәлгән 100 ошуқ алим қатнишип, 80 дин артуқ илмий мақалә оқулған. Бу конференцияни Берлин Һинди сәнъити музейи, Бранденбург иҗтимаийпәнләр академияси вә Германия дөләт китапханисиниң шәриқ бөлүми һәмкарлиқта тәшкиллигән. Мәзкүр аҗун илмий әнҗүмәнниң паалийити вә докладлири тоғрилиқ профессор И. Йүсүп өзиниң «Дуниявий катта жиғилиш – «Турпанға қайта зиярәт – йеңи әсирдә ипәк йолиниң сәнъити вә мәдәнийити үстидә тәтқиқат» темилиқ хәлиқара илмий муһакимә жиғини Берлинда ечилди» мақалисида хелә кәң әхбарат бәрди. Мәҗлис 2002-жилниң 7-сентбрдин 15- сентябрь күнигичә болған.

Бу хәлиқара жиғинға Хитайдин 11 алим қатнишип, улардин 9 киши илмий доклад оқуған. әйнә шу 9 кишиниң бәши Шинҗаң-Уйғур автоном районидин барған алимлар еди. Исрапил Йүсүп өз мақалисида конференцияниң башлиниш паалийәтлирини төвәндикичә тәсвирлигән. «9-айниң 9-күни әтигән 9 да, алди билән Берлин Бранденбург иҗтимаий пәнләр академиясиниң муавин башлиғи В. Герхард әпанди ечилиш нутқи сөзлиди. У сөзидә һәр қайси әллардин кәлгән алим-мутәхәссисләрни қизғин қарши алидиғанлиғини билдүрди вә йеңи әсирниң тунҗа жилида ечилған чоң көләмлик бу катта жиғинниң мувәппәқийәтлик өтүшигә тиләкдашлиқ билдүрди. Андин кейин мәзкүр академияниң турпаншунаслиқ тәтқиқати бөлүминиң башлиғи профессор, доктор Петер Циме «Турпан экспедициясидин турпаншунаслиқ тәтқиқатиғичә» болған җәриянни ихчам баян қилип өтти».

**Давами кейинки санда**

**Моллавутов С.**

